
ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل



# خىلۋەتتىكى كۆز ياشلار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

幽静的眼泪/阿布都许库尔·卡吾力著. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2002.8

ISBN 7 — 5631 — 1571 — 4

Ⅰ.幽... Ⅱ.阿... Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代 Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 051342 号


# 幽静的眼泪

(抒情诗集)

阿布都许库尔·卡吾力


新疆大学出版社出版

(乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046)

新华书店经销

新疆建工印刷厂印刷

850×1168 毫米 1/32 印张：5

2002 年 8 月第 1 版 2002 年 8 月第 1 次印刷

印数：0001 — 5000 册

ISBN 7 — 5631 — 1571 — 4/Z·228

定价：8.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئادالەت ياقۇپ

# خىلقەتتىكى كۆز ياشلار

(مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن تاللانما)

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 5
2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000

---

ISBN 7 — 5631 — 1571 — 4/Z・228
باھاسى: 8.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

ئاددىي ئورۇندۇق ........................ 1
ئىللىق قاراشلار ........................ 2
رومان ........................ 4
تىرىلگەن تۇيغۇ ........................ 5
ئىزھار قىلار سۆيگۈنى قاچان ........................ 6
ئوت ئىچىدە قالدى ۋۇجۇدۇم ........................ 7
تېپىشماق ........................ 8
سېنى ئىزدىدىم ........................ 9
كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا ........................ 10
سېنى شۇنداق چاقتىم تەڭرىگە ........................ 11
ھىجران ........................ 13
مەن يوقالدىم ........................ 14
توختىمايدۇ ئوڭايغا ئۇنتۇش ........................ 15
قەبرە تەزكىرىسى ........................ 16
سۆيۈش ........................ 17
ئۇنتۇش بەخت ........................ 19
تۇندىكى سېغىنىش ........................ 21
زەڭگەر پىچان گۇللىرى ........................ 23
كۆرگۈم كېلۇر ........................ 25
كۆردۇم شۇندا جەزبىسىنى سۆيگۈمىنىڭ ........................ 26
تىللاپسەن ۋە يەنە سوراپسەن ئەپۇ ........................ 28
كۆزلىرىڭ — ئۇ گويا چەكسىز بىر دېڭىز ........................ 29
سوغ نەزەر، سالقىن قان، ئۇياتچان دىلبەر ........................ 30

تەنها شەنبە ........ 32
يىللار ۋە ئويلار ........ 34
مامكاپ گۈلى ........ 37
گۈزەللەر ........ 39
بىز بىللە ماڭغان شۇ يۈز قەدەمچە يول ........ 41
كەلگىن ئاشۇ تونۇش قىزنىڭ بېشىغا ........ 42
يىگىرمە باھاردا بۇزۇلدى رىتىم ........ 44
ئاق لالەم ........ 45
گىلاس، ئالما، ئانار رەڭلەردە ........ 46
بىر دەستە گۈل ........ 47
قىشلاق قايغۇسى ........ 48
ئەتىرگۈل ھىدى ........ 49
ئاۋغۇستتىكى ئاي ........ 50
كۆز ياشلىرىم ئىزدەپ يۈرەر بەختىم نەدە دەپ ........ 51
سېنتەبىر خاتىرىسى ........ 52
تەقدىر ........ 53
سەممىمي كۆڭۈل ........ 54
يېتىم قوۋۇرغام ........ 55
نىگاھلار سۆزلىگەن مىسرا ۋە ئاھاڭ ........ 56
بولمىسۇن ئۇ يەنە سەندىكى ئۆكسۈش ........ 57
كوچىدا قالغان شېئىر ........ 58
مۈزلىغان قەلب ........ 59
رەقىب كۆزىدە ........ 60
ياپالماس دەردىڭنى يالغان كۈلكىلەر ........ 61
دېرىزە ........ 62
بۇ يولدا ........ 64
خىيالدىكى ۋىسال ........ 65
يىراقتىكى نۇر ........ 66


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قايغۇ دەرىخى ........................ 67
مېۋىسىز تىلەك ........................ 69
خانەمدە خىيال ........................ 70
بارالمايمەن ئەمدى غازاڭ پەسلىڭدە ........................ 71
بىلەمسەن بۇ ئەتراپ خىيال ئىلكىدە ........................ 73
سەن كەتتىڭ . . . ........................ 75
دېكابىرنىڭ تۈنجى كۈنى ........................ 76
يىتكەن ساھىل ........................ 77
سەن يەنە ئىزدەيسەن بۇ چىغىر يولنى ........................ 78
ئاشۇ بىر قىزغا ........................ 79
كۈتۈش مەنزىرىسى ........................ 80
قارلىق ........................ 82
خوشلىشىش ........................ 84
سۆيگۈمىزنى ئايرىغان سۆيگۈ ........................ 87
ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش ........................ 88
مەن، سەن، ئۇ ........................ 89
بىز تونۇشقان سۆيگۈ يولىدا ........................ 92
قارا پەلتۇ كىيگەن ئەي جانان ........................ 94
«سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ» ........................ 95
سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەي دەپ ........................ 96
ۋۇجۇدۇم ھەسرەتكە تولغان بىر قەدەھ ........................ 97
كۆز ياشقا قاراپمۇ قويمايدۇ تەقدىر ........................ 98
سۆيەمسەن دەپ سورىما مەندىن ........................ 99
بۇ بىر قىزغا ئاتالغان قوشاق ........................ 100
مايتاغ قىزى ........................ 102
ئالدىنىش ........................ 105
بىر تۇتام يوپۇرماق ........................ 106
قىز قەلبى ........................ 107

ئاسي چۆش ........................ 108
بىر دەستە گۈل تۇتالمىسامۇ ........................ 109
ھىجران تۈنلىرى ........................ 110
كەچۈر قىزچاق ........................ 113
تەسەللي ........................ 114
بولغان بۇندا گۈزەل بىر كېچە ........................ 115
كۈيلىرىمگە قاتىمەن سېنى ........................ 117
ئۆكسۈگەن كۆڭۈل ........................ 118
نەقەدەر تونۇشسەن ھەمدە ناتونۇش ........................ 123
تاماكاڭ كۆيمەكتە، كۆيمەكتە يۈرەك ........................ 124
چوغلىنىپ مەڭگۈگە بارار ئىشتىياق ........................ 125
يېلىنما، يالۋۇرما، بوپتۇ شۇنداق قىل ........................ 126
بىر ناخشا ئوقۇپ ئۆت تۈگىگەن قەدەر ........................ 127
مەيلىمىسىز ئۆزگە ئىش ماڭا بەك ئەلەم ........................ 128
بۇنچە كۆپ ئازابقا قالماسمىز دېسەم ........................ 129
بىر ساراڭ شائىرنى سۆيگەن ساراڭمەن ........................ 130
گۈل بەرگىدە نازلىق تەبەسسۇم ........................ 131
سەھرا قىزى ........................ 132
يېلىنجاش (لىرىك داستان) ........................ 134

# ئاددىي ئورۇندۇق

خىيالىمدا جەننەت سۈپىسى،
بىلىنەتتى ئۇندىنمۇ ئارتۇق.
بىز ياندىشىپ قۇرۇشقان سۆھبەت،
ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق.

ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق،
تۇيغۇمىزنى قىلغانتى ھاپاش.
ئىقبال ئۇچۇن پىلانلىساق يول،
نۇر تۆكەتتى بىز ئۇچۇن قۇياش.

نۇر تۆكەتتى بىز ئۇچۇن قۇياش،
مەنزىلىمىز قالغاندا پارلاپ.
قۇچۇشقاندا ئىنتىزار لەۋلەر،
تاۋۇشنى قالغان كىم ئاڭلاپ!؟

تاۋۇشنى قالغان كىم ئاڭلاپ!؟
ھەممە بىزگە تىلەيدۇ ئۇتۇق.
ئۇتۇقلارنىڭ تۇنجى پەللىسى،
ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق.

# ئىللىق قاراشلار

مېھىر نېمە، سۆيگۈ نېمە، بىلمەيتتىم،
تال چىۋىقنى سۇرۇپ يۈرگەن چاغلاردا.
يالاڭ ئاياغ قوغلار ئىدىم كېپىنەك،
كەڭ دالىدا، چىمەنزارلىق باغلاردا.

گۈل بەرگىدە قىزىل رەڭلىك ھىلھىلە،
كۆزلىرىمگە باردى ئاستا سىغدىلىپ.
ئوماققىنا سەبىي، ئىللىق قاراشقا،
ئۇچراپ قالدىم، كەتتىم ھەمدە بېرىلىپ.

نەۋ باھارنىڭ جىلۋىسىدەك تۈيۈلۈپ،
چەكسىز ھېسقا چۆمدۈرەتتى ئۇ قاراش.
تەنلىرىمنى تىترىتەتتى نازلىنىپ،
غۇنچىلارنىڭ كۈلۈشىدەك يېتىرقاش.

شەيئىلەرنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى،
ئاڭلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن تۈيغۇدىن.
مېھىر نېمە، سۆيگۈ نېمە ھېس قىلدىم،
ئاستا - ئاستا ئويغانغاندەك ئۇيقۇدىن.

بەدىلىگە جان بەرگۈدەك قاراشلار،
بالىلىقىم تاپقان تۈنجى سۆيگۈم سەن.
ئىللىق تەپتىڭ، ئوتتەك تەپتىڭ ئۆچمىسۇن،
ھەم بىرىنچى، ھەم مەڭگۈلۈك گۈلۈم سەن.



# رومان

بەدئىيلىكتە يەتكەن چېكىگە،
بىر مەن ئۇچۇن يارالغان رومان.
جىلۋىگەرلىك بابىدا نادىر،
ئاق پەرىشتەم ـ ئۆزۈڭسەن ھامان.

ھەرپلىرىڭ سۇركىلىپ دىلغا،
ئىختىيارسىز ياندۇرار مەشئەل.
كەلگۈسۈمگە كېتىمەن ئوزۇپ،
قۇرلىرىڭدا ھاسىل بولۇپ سەل.

بەتلىرىڭدە ۋاپا ـ ساداقەت،
ئوقۇپ تېخى قىلمىدىم تامام.
«مەڭگۈ . . .» دېگەن ئۇندەش سۆزۈڭدىن،
تىرىلىدۇ مېنىڭ لىرىكام.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تىرىلگەن تۇيغۇ

گۇمران بولغان تەگسىز خىياللار،
سەن تەرەپكە ئىنتىلەر غەمكىن.
كۆزلىرىمگە چېلىقتىڭ يەنە،
تۇنجى كۆرگەن چېغىمدەك تەمكىن.

ئۆلگەن ھېسلار چۆمۈپ باھارغا،
نامىڭ بىلەن بىخ ئۇردى نازۇك.
سەن تەرەپكە تۇغۇلدى يوللار،
«ئۇھ» سىنىشلار ئۇزۇك ۋە ئۇزۇك.

تاغ كەينىگە مۆككەندەك قۇياش،
سەن يولۇڭغا كېتىسەن راۋان.
گەۋدەڭ بىلەن كۆرۈنمەس يىپتا،
كۆزلىرىمنى چېكىپ جانىجان.

# ئىزھار قىلار سۆيگۈنى قاچان

ئوتلۇق كۆزلەر تويماي بېقىشىپ،
كۆڭۈللەرنى قىلىشتى ئىزھار.
بىراق نېمە بولغان توسالغۇ؟
ئېيتالمىدى ئىشقىنى زىنھار.

ئۆتمەكتە كۈن، كۆزلەر ئىگىسى،
ئىزھار قىلار سۆيگۈنى قاچان؟
كېتەمدىكىن قەبرىگە بىللە،
بولامدىكىن شۇچاغدا ئاسان؟



# ئوت ئىچىدە قالدى ۋۇجۇدۇم

ئېلىشۋالدىڭ قەلبىمنى ئوۋلاپ،
ئەي سۆيۈملۈك، ئاي سۈپەت دىلبەر.
سەن يۈرسەن غەمسىز، خىرامان،
تاپمىغاندەك ئىشقىمدىن خەۋەر.

يۈرىكىم ئوت، ۋۇجۇدۇممۇ ئوت،
ئوت ئىچىدە قالدىم مەن بىلسەڭ.
ئاھ، مۇرادىم بولاتتى ھاسىل،
مەن سۆيگەندەك سەن مېنى سۆيسەڭ.



# تىپىشماق

بۇكەمگىچە تاپالمىدىم بىر سۆزنى،
ھاياتىڭنىڭ لۇغىتىنى ئاختۇرۇپ.
بۇ ئۇزۇلمەس ھەم قىسقارماس تارىيولدا،
پەقەت مەنلا ماڭغان ئىدىم ياقتۇرۇپ.

يىتتۇرۇپقۇ قويمىدىڭ سەن، بۇ ئىنىق،
گۇمانىم بار قويدۇڭ بەلكىم مۆكتۇرۇپ.
«سۆيدۇم» دىگەن بىر سۆز يۇرەك قىتىڭدا،
كىم بىلىدۇ تۇرار بەلكىم رەڭ تۇزۇپ.

# سىنى ئىزدىدىم

مەن سىنى ئىزدىدىم خوشلاشقان يەردىن،
تۇمانغا بۆلۈنۈپ تۇرۇپتۇ ئىزلار.
مەن سىنى ئىزدىدىم ئۇچراشقان يەردىن،
كۆرمىدۇق دەپ جاۋاب بېرىشتى قىزلار.

مەن سىنى ئىزدىدىم گۈلنىڭ بەرگىدىن،
ئۇ توزۇپ كېتىپتۇ بۇندىن نىشانسىز.
مەن سىنى ئىزدىدىم يازغان خېتىمدىن،
يىرتىلىپ كېتىپتۇ قولۇڭدا شەكسىز.

مەن سىنى ئىزدىدىم ئۆتمۈشۈمدىن ھەم،
ئۇ پەقەت كۆزۈڭنى بەردى كۆرسىتىپ.
مەن سىنى ئىزدىدىم كەلگۈسۈمدىن ھەم،
قەلبىمنىڭ قېتىغا كېتىپسەن مۆكۈپ.

# كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا

كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا،
ئۇنلىرىڭدىن تۇغۇلسۇن يوللار.
ئىنزھار قىلسۇن ھەسرەتلىرىمنى،
ياش ئارقىلىق مىسكىن بولۇتلار.

كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا،
ھەر بىر ئىشنىڭ يېڭىسى مەسۇم.
تېخى يۇمران سۆيگۈ ئىگىسى،
تەقدىم قىلار يېنىك تەبەسسۇم.

كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا،
سۇۋادانىڭ غولىدا تۇرۇپ.
ئاستىڭدىكى جىمجىت خانىدا،
بىر جانان بار ئاڭلار ياقتۇرۇپ.

كاككۇك مېنىڭ نامىمدىن سايرا،
ھېسلىرىمنى يېشىللىققا چاچ.
خىيالىمنىڭ ئوغرىسى بىلسەڭ،
شۇ نازۇك بوي قىرىق ئۆرۈم چاچ.

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com